شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 11 - ئاي
19
سەيشەنبە
维吾尔文 11 月19日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24884 - سان بۈگۈن 4 بەت

ئالدىنقى ئون ئايدا شىنجاڭدىن ئۆتكەن جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى بۇلتۇرقى ئومۇمىي يىغىندىدىن ئېشىپ كەتتى

ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 53.68% ئاشتى

مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىن ئۆتكەن جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانىدا «شىددەتلىك» ئېشىش كۆرۈلدى. ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا، ئۈرۈمچى تاموژنىسى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن جەمئىي 5743نى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 53.68% ئاشقان، سانى بۇلتۇرقى ئومۇمىي يىغىندىدىن ئېشىپ كەتكەن.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىن ئۆتىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن «چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» «جېڭجوۋ - شىنجاڭ - ياۋروپا» قاتارلىق 16 لىنىيە بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرادىن چىقىدىغان نۆۋەتچى پويىز ئاساسلىقى ليەنيۈنگاڭ، جېڭجوۋ، چېڭدۇ، چۇڭچىڭ قاتارلىق شەھەرلەردىن كېلىدۇ، چېگرادىن كىرىدىغان نۆۋەتچى پويىزلار ئاساسلىقى گېرمانىيە، پولشا، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كېلىدۇ.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

شاتى مەھەللە كەنتى: كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىرادىسى»نى قوزغىتىش

ــــ ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (2)

☐ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى سۈي يۈنيەن، ۋاڭ تىيجۈن**

2014 - يىلى خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسى شاتى مەھەللە كەنتى ئېغىر نامرات كەنت دەپ بېكىتىلگەندى، بۇ يىل شاتى مەھەللە كەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلىدىغان كەنت قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ ھالقىشنى باشتىن كەچۈرگەن بەش يىلدا، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنىڭ قەدەممۇقەدەم ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. «ئىرادىلىكلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ»، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىرادىسى»نى قوزغىتىش، «بەخت ئارزۇسى»نى يېلىنجىتىش جەريانىدۇر.

«بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىشەنچىمىز بار!» 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، مۇخبىرلار بۇ كەنتكە كېلىپ نۇقتىدا تۇرۇپ زىيارەت قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنى چۈشىنىپ، يېڭى دەۋردىكى يېزىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ھېس قىلدى، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ھېكايىلەرنى بىر - بىرلەپ ئاڭلاپ، گۈزەل تۇرمۇشقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلىدى.

■ پۈتكۈل كەنت «جانلاندى»

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سەھەردە، مۇخبىرلار شاتى مەھەللە كەنتىدە كەنت كومىتېتىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىگە كېلىپ زىيارەت قىلدى. ئىشىكنى چېكىپ كىرگەندە ئۆي ئىگىسى ئامىنە مەتتۇرسۇن ھويلا - ئارانلارنى تازىلاۋاتاتتى، ھويلا - ئارانلار پاكىز، رەتلىك ئىدى، كىچىك ئەگمە لاپاس ئۈستىگە چامغۇر تىزىلغان بولۇپ، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.

«مەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن، بۈگۈن دەم ئالدىم، ئاپام نەچچە كۈن بۇرۇن ئاقسۇغا پاختا تەرگىلى كەتتى، دادام ئىشىك ئالدىدا ئىشلەۋاتىدۇ، ئىشىكتىن چىقسىڭىزلا ئۇنى تاپالايسىز» دېدى ئامىنە كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ مۇخبىرلارنى باشلاپ ئىشىك سىرتىدىكى «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» تۈرى قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا كەلدى، بۇ يىل 49 ياشقا كىرگەن مەتتۇرسۇن ئابدۇرېھىم ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن كېبىش ماشىنىسىدا مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى، ماشىنا گۈركىرىگەن ئاۋاز چىقىرىپ، ئوت ئۇچقۇنلىرى تەرەپ - تەرەپكە چاچرايتتى.

«بۇ مېنىڭ ئىشقا چۈشكىنىمنىڭ بەشىنچى كۈنى، ئىلگىرى كېبىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ باقمىغانىدىم، ئۆگىنىۋېرىپ بىلىۋالدىم.» مەتتۇرسۇننىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسى 2014 - يىلى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد بار ئىكەن، چۈنكى پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كەپتۇ، كەنتتىكە پۇتلىكاشاڭ بولۇشقا ھەرگىز بولمايدىكەن.

ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن نامرات ئىدۇق؟ مەتتۇرسۇن گەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئائىلىمىزنىڭ 7.5مو يېرى بار بولۇپ، بۇغداي پەقەت يېيىشمىزغىلا يېتەتتى، كىرىشتۇرۇپ ئۆستۈرگەن ياڭاقتىن تاپقان پۇلدا تۇرمۇشىمىزنى ئاران قامدايتتۇق، تېخنىكا ماھارىتىمىز بولمىغاچقا، سىرتقا چىقىپ خىزمەت ئىزدەشنىمۇ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. «ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھورۇنلۇقتىن بولۇپ، كېيىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ ئامال قىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى بايقاپ جىددىيلەشتىم، سىناپ باققۇم كەلدى، بۇ يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر نەچچە يەردە پارچە - پۇرات ئىش قىلىپ، پۇل تاپقاندىن كېيىن ئىشلەمچىلىككە ‹خۇمار› بولۇپ قالدىم» دېدى ئۇ.

مەتتۇرسۇن ئائىلىسىنىڭ 24 قويى بولۇپ، يېرىمىنى ئۆزى باقىدىكەن، يېرىمىنى ھاۋالىلىك بېقىشقا بېرىپتۇ. ئۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق ھېسابات قىلىپ بەردى: خوتۇنۇم پاختا تېرىيدۇ، قىزىم ئىشلەيدۇ، ئوغلۇم ساتىراشخانا ئاچىدۇ، ئۆزۈم پارچە - پۇرات ئىش قىلىمەن، بۇ يىل ئائىلە كىرىمىمىز 60 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ.

«كەنت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تۈرىنىڭ ياردىمىدە بىزگە قوي تارقىتىپ بەردى، بىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شۇنچە كۆپ ياخشى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدۇق، شۇنچە كۆپ ياردەم بېرىلگەن يەردە، ئۆزۈممۇ تىرىشىشىم كېرەك!» ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تامغا ئېسىلغان «خوتەن شەھىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسەت توپلىمى»نى مۇخبىرلارغا كۆرسەتتى، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شاتى مەھەللە كەنتى تۈرلۈك نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سىياسەتلىرىنى يولغا قويغاچقا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، 2014 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە 54 ئائىلىدىكى 256 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ يىل 100 ئائىلىدىكى 447 كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ شاتى مەھەللە كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ياڭ لىبى كەنتكە يېڭى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ تەسىر قىلغىنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكى ئىدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

【ئاخبارات تېز سىزمىسى】



گۈزەلنۇر قاسىم خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسى شاتى مەھەللە كەنتىدىكى نامرات ئاھالە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرەر تېخنىكا ماھارىتى يوق بولۇپ، خىزمەت تېپىشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى خوتەن شەھىرىگە بېرىپ پىشۇرۇق پىشۇرۇشنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ بىر پىشۇرۇق ئۇستىسىغا ئايلاندى. ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ كەنتتىكى مىللىيچە پىشۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا ئىشلەپ، ھەر ئايدا مۇقىم مائاشقا ئىگە بولدى. ئۇ تۇرۇشلۇق بازا ئىشلەپچىقارغان «يۇرتنى سېغىنىش» ماركىلىق يۇرۇشلۇك پىشۇرۇقلار يىراق - يېقىندا داڭ چىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە «يۇرتنى سېغىنىش» ماركىلىق يۆگىمىنىڭ دانىسى يوغان، خۇرۇجى تولۇق بولۇپ، بۇ يىلقى جۇڭچيۇ بايرىمىدا سېتىش سوممىسى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☐ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى جېننەن سىزغان**

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

ئىرادە جەھەتتىن يۆلەشتە زور نەتىجە كۆرۈلدى

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

☐ **سۈي يۈنيەن**

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايلاردا «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەتۈر ساناق» تاختىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «تەتۈر ساناق» كۈنلىرىدە، ھەربىر نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامرات كەنتلەرنى نامرات كەنتلەر قاتارىدىن چىقىرىۋېتىش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاشنىڭ ھەممىسى، نۇرغۇن مەيدان قاتتىق جەڭ بولۇپ، كادىرلار، ئامما تىرىشىپ ئەڭ مۇنەۋۋەر جاۋاب قەغىزى پۈتمەكتە. بۇ جاۋاب قەغىزى، پىلان تۈزۈش، ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ، سىستېما قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ.

نامراتلارنى يۆلەشتە ئالدى بىلەن ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشتە، قىيىننىڭ قىيىنى نامراتلارنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش. بىرىنچى قەدەم تاشلاشتا، نامرات ئائىلىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىرادىسى ۋە غەيرىتىگە كېلىدۇ، ماھارەت ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى بار بولىدۇ، كەسىپ ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرالايدۇ.

شاتى مەھەللە كەنتىدە نۇقتىدا تۇرۇپ زىيارەت قىلغاندا، بىز ئىرادە جەھەتتىن يۆلەشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆردۇق. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد بار بولغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كېلىپ، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك تىكلەپ،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

قار - شىۋىرغاندا چېگرا چارلاش

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ساقچىخانىدىكى خەلق ساقچىلىرى، چېگرا قوغدىغۇچىلار ئاتلىق چارلىماقتا. شۇ كۈنى، كۈچلۈك سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدە گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ بېيتاشەن چېگرا چارۋىچىلىق رايونىدا تۇيۇقسىز قېلىن قار ياغدى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق چېگرا باشقۇرۇش تارماق ئەترىتى كۆپ چېگرا ساقچىخانىسى دەرھال خەلق ساقچىلىرى، چېگرا قوغدىغۇچىلارنى چېگرا بىرىنچى سېپىگە بېرىپ چارلاشقا تەشكىللەپ، قېلىن قارنىڭ چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزگەن - يەتكۈزمىگەنلىكىنى تەكشۈردى.

☐ **جوۋ يوۋ فوتوسى**

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، باش نىشانىنى جاسارەت بىلەن ئىشقا ئاشۇرايلى

ــــ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 - نۆۋەتلىك 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا (3)

☐ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 - نۆۋەتلىك 8 - ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك دەپ تەكىتلەندى.

يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، باش نىشانىنى جاسارەت بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، سىستېمىسى مۇكەممەل،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلدى ۋە چۈشەندۈردى

شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا سىياسىي ئىرادىنى ساقلاش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلدى ۋە چۈشەندۈردى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 71 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇشۇ ئاينىڭ 26 - كۈنى دائىمىي كومىتېت 13 - يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 71 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مۇشۇ ئاينىڭ 26 - كۈنى دائىمىي كومىتېت 13 - يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 - يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ھەم «قىسىلىق ھۇجۇم» سەپەرۋەرلىك - ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

نىشانى چىڭ كۆزلەپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ھەم «قىسىلىق ھۇجۇم» سەپەرۋەرلىك - ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - رۇناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4- بەتتە)